Walt Disney

دىسنى بالىلار دۇنياسى

# ساھىبجامال بىلەن غەلىتە مەخلۇق

# BEAUTY AND THE BEAST



CHISO 青少社 SINCE 1956 شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## مېنىڭ كۇتۇپخانام

ماڭا بۇ كىتابنى سوۋغا
قىلغۇچى ________________ .
ئۇ بۇ كىتابنى ____ - يىل ____ - ئاي-
نىڭ ____ - كۈنى سېتىۋالغان .

مېنىڭ ئىسىم - فامىلەم
________________ .

— دىسنى بالىلار دۇنياسى —

# ساھىبجامال بىلەن غەلىتە مەخلۇق



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ھەيۋەتلىك بىر قورغاندا تولىمۇ ھاكاۋۇر، بىكۆيۈم شاھزادە ئۆتكەنىكەن. زىمىستان قىش كېچىسى بىر تىلەمچى موماي قورغانغا كېلىپ شاھزادىگە بىر تال لالە سوۋغا قىلىپتۇ ۋە:

— شاھزادەم، بۇ كەچ تالادا ئۈششۈپ قالىدىغان ئوخشايمەن، سارايلىرىدا بىر كېچە تۈنەپ ئۆتكەن بولسام، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

شاھزادە تىلەمچى مومايىنىڭ كۆرۈمسىز ئەپتىگە قاراپ، مومايىنى بوسۇغىدىن ھەيدەپتۇ.

— چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، ئىچى ساپ بولسا ئاندىن چىرايلىق، — دەپتۇ موماي. لېكىن شاھزادە ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماپتۇ. شۇندا، موماي بىر ئۆزگىرىپلا لاتاپەتلىك پەرى قىياپىتىگە قايتىپتۇ. پەرى شاھزادىنى بەتبەشىرە مەخلۇققا، مۇلازىملىرىنى ئۆي جابدۇقلىرىغا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ؛ شاھزادىگە قورغاندىن چىقماي جاھاننى كۆرۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن جاھاننەما ئەينىكى قالدۇرۇپتۇ.

پەرى كېتىش ئالدىدا ھېلىقى لالىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ:

— 21 ياشقا تولغان كۈنۈڭدە گۈل توزۇيدۇ. شۇ چاغقىچە باشقىلارنى سۆيەلىسەڭ ھەم باشقىلارنىڭمۇ سۆيۈشىگە ئېرىشەلىسەڭ ئەسلىڭگە قايتىسەن. بولمىسا ئۆمۈرۋايەت غەلىتە مەخلۇق پېتى ئۆتۈپ كېتىسەن، — دەپتۇ.



كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئېقىن سۇدەك ئۆتۈۋېرىپتۇ . . .

ئەمدى گەپنى قورغانغا يېقىن بىر كەنتتىن باشلايلى. كەنتتە باير ئىسىملىك چىرايلىق ۋە ئىشچان بىر قىز بار ئىكەن. قىزنىڭ ئاتىسى موۋەس كەشپىياتچى ئىكەن. قىز بىردىنبىر يۆلەنچۈكى بولغان ئاتىسىنى، ئاندىن قالسا كىتابنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىكەن.



گاستون دەيدىغان ئوۋ-
چى يىگىت بايرغا ئاشىق ئى-
كەن .

بىركۈنى ، گاستون كىتاب-
خانا ئالدىدا بايرنى ئۇچرىتىپ
قاپتۇ . گاستون ئۇنىڭ ئال-
دىنى توسۇپ :

— ئەتىدىن - كەچ-
كىچە باش چۆكۈرۈپ كىتاب
ئوقۇۋەرمەڭ ، مېنىڭ ھالىم-
غىمۇ يېتىڭ ، — دەپتۇ .

باير ئۇنى كۆرەڭ ، قارا-
قورساق دەپ ياراتمايدىكەن .
گاستوننىڭ «باير ماڭا تې-
گىمەن دېدى» دېگەن لاپلى-
رىدىن قەۋەت بىزار ئىكەن .



www.uyghurkitap.com

باير ئۆيگە كەلسە ، ئاتىسى يېڭىدىن كەشىپ قىلغان ئۇسكۇنىسىنى ھارۋىغا جايلاش- تۇرۇۋاتقانىكەن .

— ئەتە بۇنى شەھەردىكى كەشپىيات كۆرگەزمىسىگە قويىمەن . كەشپىياتىم مۇكا- پاتلانسا ھال - كۈنىمىز ئۆڭشىلىپ قالار ، — دەپتۇ ئاتىسى .

ئاتىسى تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ . باير ئاتىسىغا ئاقيول تىلەپتۇ .





موۋىس قاراڭغۇ چۈشكەندە يولدىن ئېزىپ قاپتۇ .

— ھەتتەك . . . ئەتە سەھەردە بولىدىغان كۆرگەزمىگە ئۈلگۈرەلەرمەنمۇ ؟ . . .


«بالا كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك ، موۋىسنى بۆرىلەر قوغلاپ كەپتۇ . موۋىس ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپتۇ .


موۋىس قېچىپ بىر قورغانغا كېلىپ قاپتۇ . قارىسا ، قورغان قوۋۇقى قىيا ئوچۇق تۇرغۇدەك . موۋىس قورغانغا كىرىپ قوۋۇقنى ئېتىشى بىلەن سىرتتا بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى ياڭراپتۇ .

بۇ قورغانغا ئاياغ باسقان كىشىنىڭ تېنى شۈركىنىپ كېتەر ئىكەن. موۋېس بۇ يەردىكى جابدۇقلارنىڭ گەپ قىلالايدىغانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ.

— تولا، هايات قاپسىز - هە؟ — دەپتۇ شامدان ئۈنىڭغا.

— هاي ئاستىراق . . . هېلى بىكار خوجايىن سېزىپ قالىدۇ، — دەپتۇ سائەت.





شامدان موۋھسنى دۋانغا تەكلىپ قىلىپتۇ .
موۋھس دۋاندا ئولتۇرۇپ دەمىنى ئاپتۇ .
— چاي ئىچەمسىز ؟ — دەپ سوراپتۇ چەينەك ئەدەپ بىلەن .
پىيالە يۈگۈرۈپ كېلىپ تەق تۇرۇپتۇ .
— ئۇنداق قىلماڭلار ، خوجايىن كۆرۈپ قالىدۇ ، — دەپتۇ سائەت يەنە ئەنسىز-
لىك بىلەن .
چەينەك سائەتكە :
— ئاقساقاللىق قىلماي ، ئۆزۈڭ زۇۋانىڭنى پەسلەت ، — دەپتۇ - دە ، موۋھسقا
بىر پىيالە قىزىق چاي قۇيۇپ بېرىپتۇ .


www.uyghurkitap.com

موۋېس چايغا تەمشىلىپ تۇرۇشىغا ، ئاشخانا ئىشىكى جاڭگىدە ئېچىلىپ غەلىتە مەخلۇق كىرىپتۇ . غەلىتە مەخلۇق ئاغزىنى كامارەدەك ، چىشلىرىنى ئارىدەك ئېچىپ موۋېسقا ھۆركىرەپتۇ :

— بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭ ؟ !

موۋېس گېپىنى تېپىپ بولغۇچە غەلىتە مەخلۇق ئۇنى سۆرىگەنچە قازناققا قاماپ قويۇپتۇ .






ئەمدى گەپنى بايردىن ئاڭلاڭ .

باير گاستوننىڭ «ماڭا ياتلىق بولۇڭ» دېگەن گېپىنى رەت قىلىپ ئۆيىدىن كەتكۈزۈۋېتىپ تۇرۇشىغا ، ئاتىسى هارۋىغا قاتقان ئات يالغۇز قايتىپ كەپتۇ . باير ئاتتىن :

— نېمە بولدى؟ ئاتام قېنى؟ - دەپ سورىغانىكەن ، ئات كەلگەن تەرەپنى كۆرسىتىپ كىشنەپتۇ .

باير ئاتىسىغا بىرەر كېلىشمەسلىك يەتكەنلىكىنى پەملەپ ، دەرهال ئاتقا مىنىپ ئورمانلىققا قاراپ يول ئاپتۇ .

www.uyghurkitap.com



بايىر ئورمانلىقتا كېتىۋېتىپ بىردىن تۇمانلار ئارىسىدا بىر قورغاننى غىل - پال كۆرۈپ قاپتۇ . بايىر قورقۇنچنى تەستە بېسىپ قورغانغا بېرىپتۇ .


بايىر قورغاندىن ئاتىسىنى ئىزدەۋاتقاندا ، پىيالە ئۇنى كۆرۈپ ئانىسىغا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ :

— ئانا ! ئانا ! بىر قىز كەپتۇ !

ھەش - پەش دېگۈچە ھەممە جابدۇقلار بايىرنى كۆرۈۋاپتۇ . ئۇلار بىزنى سېھىر - ئەپسۇندىن قۇتقۇزىدىغان قىز شۇ ، دەپ ئويلاپتۇ .

بايىر ئاتىسىنىڭ قاماقتا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ .
— ئاتا ، مەن كەلدىم ! — دەپ توۋلاپتۇ بايىر .
تۇيۇقسىز زور بىر گەۋدە بايىرنى قامالالپتۇ . بايىر قايرىلىپ قارىسا ، غەلىتە بىر مەخلۇق تۇرغۇدەك . بايىر قورقۇپ چىرقىرىۋېتىپتۇ .
بايىر ئاتىسىنى قۇتۇلدۇرۇش بەدىلىگە ئۆزى تۇتقۇن بولۇش نىيىتىگە كەپتۇ . موۋىس قان - قان يىغلىغانچە قورغاندىن ئايرىلىپتۇ .
غەلىتە مەخلۇق بايىرغا ئايرىم ئۆي راسلاپ بېرىپتۇ ۋە :
— قورغاندا خالىغانچە يۈر ، ئەمما ھۇجرامغا قەدەم باسقۇچى بولما ، — دەپتۇ .





قورغاندىكى جابدۇقلار خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ . ئۇلار غەلىتە مەخلۇق باير بىلەن مۇھەببەتلىشىپ قالسا ، ئۆزلىرىنىڭ ئادەم سىياقىغا قايتالايدىغانلىقىنى بىلىدىكەن .

كەچلىك تاماق ھازىرلىنىۋاتقاندا ، بايرىنىڭ ھۇجرىسىدىكى ئىشكاپ :

— قېنى ئېيتىڭە ، كەچلىك تاماق ۋاقتىدا قايسى كىيىمنى كىيگۈڭىز بار ؟ — دەپ سوراپتۇ بايردىن .

— مەن تاماق يېمەيمەن ، — دەپتۇ باير تېرىكىپ ، — مەن ئۇنىڭ مېھمىنى ئەمەس ، مەن تۇتقۇن قىلىنغان !

موۋېس كەنتكە بارغاندىن كېيىن جامائەتكە بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ .

— جاھان جاھان بولۇپ ئۇنداق غەلىتە مەخلۇق بارلىقىنى كۆز كۆرمىگەن ، قۇلاق ئىشىتمىگەن . سىز ئالجىپ قاپسىز ، — دەپتۇ كىشىلەر ئىشەنمەي .

گاستون مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ، بايرنى قولغا كىرگۈزۈش خىيالىدا بوپتۇ .



www.uyghurkitap.com



بىر كېچىسى ، باير قورسىقى ئېچىپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ . قورغاندىكى جابدۇقلار ئۇنىڭغا يېمەكلىك تەييارلاپ بېرىپتۇ . تاماقتىن كېيىن باير قورغاننى سەيلە قىلىۋېتىپ غەلىتە مەخلۇقنىڭ ھۇجرىسىغا قىزىقىپ كىرىپ قاپتۇ .

غەلىتە مەخلۇق ھۇجرىسىغا كەلسە باير تۇرغان . غەلىتە مەخلۇق دەرغەزەپ بولۇپ تولۇپتۇ :

— نېمە قىلىۋاتىسەن ؟ ! يوقال بۇ يەردىن !

باير قورقۇپ قورغاندىن قېچىپ چىقىپتۇ . سۇرلۇك ئورماندا ئېچىرقاپ كەتكەن بىر توپ بۆرە ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كەپتۇ .

تەلىيگە غەلىتە مەخلۇق يېتىپ كېلىپ بۆرىلەر بىلەن ئېلىشىپتۇ . بۆرىلەر يېڭىلىپ قېچىپ كېتىشىپتۇ . باير ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇ .

قىزنى قۇتقۇزىمەن دەپ غەلىتە مەخلۇق يارىلىنىپتۇ . باير تەسىرلىنىپ :

— سىزگە زەخمەت يەتتى ، سىزنى قولتۇقلىۋالاي ، — دەپتۇ .



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

باير غەلىتە مەخلۇقنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ. ئۇلار ئەپلىشىپ قاپتۇ.

غەلىتە مەخلۇق بايرنى كىتابخانىسىغا باشلاپتۇ. باير غەلىتە مەخلۇققا كىتاب ئوقۇپ بېرىپتۇ؛ ئۇنىڭغا داستىخان ئالدىدىكى ئەدەپ - قائىدىلەرنى ۋە تانسا ئويناشنى ئۆگىتىپتۇ.

غەلىتە مەخلۇقنىڭ ياۋۇزلۇقى ئاستا - ئاستا يوقاپ، سىپايە بولۇشقا باشلاپتۇ، ئۆزىمۇ تۇيماي بايرنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ.





غەلىتە مەخلۇق بايرغا جاھاننەما ئەينىكنى كۆرسىتىپ :

— بۇ ئەينەكتىن ئالەمنىڭ قەيىرىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلسىڭىز كۆرەلەيسىز ، — دەپتۇ .

باير جاھاننەما ئەينىكىگە :

— ئاتامنى كۆرەي دەيمەن ، — دېگەنىكەن ، ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان ئاتىسى ئورمانمۇ ئورمان يۈرۈپ قىزىنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكى نامايان بوپتۇ .

— مەن ئاتامنىڭ قېشىغا باراي ! — دەپتۇ باير يىغلاپ .

ھېلىقى لالە توزۇشقا ئاز قالغانىكەن . لالە توزۇپ كەتسە غەلىتە مەخلۇق ئۆمۈر بويى ئادەم سىياقىغا قايتالمايدىكەن . لېكىن ئۇ بايرنى ياخشى كۆرگەچكە ، بايرنىڭ كېتىشىگە ماقۇل بولۇپتۇ .

www.uyghurkitap.com



غەلىتە مەخلۇق ئۇنىڭغا جاھاننەما ئەينەكنى بېرىۋېتىپتۇ .

باير جاھاننەما ئەينەككە تايىنىپ ئاتىسىنى ئاسانلا تېپىۋاپتۇ . ئاتا - بالا ئاخىر جەم بولۇپ ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ .

شۇ كۈنى گاستون كەنتتىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسىنى يىغىپ ئۇلارنىڭ ئۆيگە بېرىپتۇ . گاستون پەس ئۇندە بايرغا تەھدىت سېلىپ :

— ماڭا تېگىشنى خالىمىسىڭىز ، ئاتىڭىزنى جامائەتكە ساراڭ ، دەپ جاكارلايمەن . ئۇ چاغدا ئاتىڭىز تۈرمىگە قامىلىدۇ ، — دەپتۇ .

— ئاتامنىڭ ئەس - ھوشى جايىدا ، غەلىتە مەخلۇقنىڭ بارلىقىمۇ راست . سەن مېنى ئالىمەن دەپ خام خىيال قىلما ! — دەپتۇ باير .

گاستون كۆپچىلىككە :

— ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار ، موۋېس ئەپەندى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ ، — دەپتۇ .

باير دەرھال جاھاننەما ئەينىكنى ئاچقىپ ، كۆپچىلىككە ئۇنىڭدىن غەلىتە مەخلۇقنى كۆرسىتىپتۇ .

— راست ئىكەن ! قاراڭلار ، غەلىتە مەخلۇق ! — كۆپچىلىك غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ .

— خالايىق ! — دەپتۇ گاستون ، — غەلىتە مەخلۇقنى يوقاتمايدىغان بولساق ، بېشىمىزغا بالا بولىدۇ . يۈرۈڭلار ! ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى !

گاستون موۋېس بىلەن بايرنى گەمىگە قاماپ قويۇپ قورغانغا قاراپ مېڭىپتۇ .



قورغاندىكى پىيالە باير قورغاندىن ئايرىلىدىغان چاغدا ئۇنىڭ يانچۇقىغا مۆكۈۋېلىپ تەڭ كېتىۋالغانىكەن . ئۇ گەمىدىن چىقىپ موۋېس كەشىپ قىلغان ئۇسكۇنىگە تايىنىپ موۋېس بىلەن بايرنى قاماقتىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ . ئۇلار گەمىدىن چىقىپ غەلىتە مەخلۇقنى قوغدىغىلى قورغانغا چېپىپتۇ .






باير قورغانغا يەتكەندە ، گاستون بىلەن غەلىتە مەخلۇق قورغان ئۈستىدە ھەدەپ ئېلىشۋاتقانىكەن .

— ماڭا رەھىم قىلىڭ ! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ گاستون يېڭىلىپ .

غەلىتە مەخلۇق بايرنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ مېھىر - شەپقەت ھەققىدىكى تەربىيىلىرى يادىغا يېتىپ گاستوننى قويۇۋېتىپتۇ . ئەمما گاستون غەلىتە مەخلۇق بايرغا قاراۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەلىتە مەخلۇقنىڭ ئارقىسىدىن پىچاق ئۇرۇپتۇ . غەلىتە مەخلۇق دەھشەتلىك ئىڭرىغانىكەن ، گاستون خۇدىنى يوقىتىپ ئۆگزىدىن غۇلاپ چۈشۈپتۇ .

www.uyghurkitap.com



لالىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرتال بەرگى تۆكۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغانىكەن . باير سەكراتتا ياتقان غەلىتە مەخلۇققا :

— مېنى تاشلاپ كەتمەڭ ! مەن سىزنى سۆيىمەن ! — دەپتۇ .

شۇ گەپ بىلەن تەڭ غەلىتە مەخلۇق قامەتلىك شاھزادە ھالىتىگە قايتىپتۇ . جادۇققا ئايلىنىپ كەتكەن بارلىق مۇلازىملارمۇ ئادەم سىياقىغا قايتىپتۇ ؛ بايرنىڭ قەلبىدىكى سۆيگۈ گۈللىرىمۇ چېچەك ئېچىپتۇ .

مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلنار لېتىپ
مەسئۇل كوررېكتورى: دىليار تۇرسۇن
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: مۇراددىل ئابىد

图书在版编目(CIP)数据

迪斯尼儿童故事：4，美女与野兽：维吾尔文/阿布里克木·艾山编译. --乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2016.1
ISBN 978-7-5515-6633-9

Ⅰ. ① 迪… Ⅱ. ① 阿… Ⅲ. ① 儿童故事-作品集-世界-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I18

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第141592号


دىسنى باللار دۇنياسى —
ساھىبجامال بىلەن غەلىتە مەخلۇق
美女与野兽 (4)
تەرجىمە قىلىپ تۈزگۈچى: ئابلىكىم ھەسەن
*
شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يىلۇڭ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 م م، 20 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 1.2
2016 ـ يىلى 1 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
2017 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 – 7 – 5515 – 6633 – 9
باھاسى: 5.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : مۇراددىل ئابىد

دىسنى باللار دۇنياسى



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
ISBN 978-7-5515-6633-9
باھاسى: 5.00 يۈەن